شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش يېڭى تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى

**باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار**

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

«بىر تويا ئازگالغا ئىككى خىش قويۇش، ئۈچ چى ئېگىزلىكتىكى تويا تام بىلەن تۆت ئەتراپىنى توسۇپ قويۇش.» بۇ ئىلگىرى يېزا ھاجەتخانىلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا قالدۇرغان تەسىرى.

كىچىككىنە ھاجەتخانا زور خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېزا ھاجەتخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش داۋامىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشى بىلەن، بىر مەيدان «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» پۈتۈن مەملىكەتتە قانات يايدۇرۇلدى.

## ■«بوۋامنىڭ ھويلىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» —— لاۋ خۇڭنىڭ «ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش خاتىرىسى»

ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئۆينىڭ ئىچى ئازادە، يورۇق ھەم پاكىز بولۇپ، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى، ھويلىدىكى كۆكتاتلار كىشىنى زوقلاندۇرغۇدەك ئۆسكەنىدى، ئۆينىڭ كەينىدىكى كىچىك ئېقىندا سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى، يىراقتىكى تاغ تىزمىلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى... يېقىندا مۇخبىر جياڭسۇ ئۆلكىسى جېنجياڭ شەھىرى شىيېي بازىرى يۈڭماۋشۇدىكى خۇڭ جيايۇڭنىڭ ھويلىسىغا كىردى.

يەنىلا ئىلگىرىكى ئاشۇ تاغ، ئاشۇ سۇ، لېكىن «يۈرىكى» پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى.

«ئۇ چاغلاردا، ياز كېلىشى بىلەنلا، ھويلىدا ئادەم تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆيىمىزدە ئەڭ بۇرۇن ئادەتتىكى ھاجەتخانا بار ئىدى، ئىككى تاختاينى قويۇپ، شال پاخلى بىلەن ئۈستىنى يېپىپ قوياتتۇق، چىۋىن، پاشا دېگەن تولا ئىدى. كېيىن سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانىغا ئۆزگەرتتۇق، لېكىن گەندە كۆلچىكى ۋە يۇندى تۇرۇبىسى بولمىغاچقا، پاسكىنا سۇ مۇشۇ كىچىك ئېقىندا ئاققۇزۇلاتتى، ھاۋا ئىسسىپ كەتسىلا پۇراقتا چىدىغىلى بولمايتتى.» لاۋ خۇڭ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، مۇخبىرغا ھاجەتخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ: «قاراڭ، قاراڭ، ئازراقمۇ پۇراق يوققۇ - ھە؟» دېدى.

2013 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مۇراجىئەت قىلىشى بىلەن، چاڭجياڭ دەرياسىدىكى كىچىك ئارال شىيېي بازىرى ئۆز ئالدىغا يۇندى تۇرۇبىسى تورى قۇرۇشقا باشلىدى، تۇرۇبا قۇرۇلۇشى تۈنجى بولۇپ پۈتكەن تەبىئىي كەنت يۈڭماۋشۇ بولدى. لاۋ خۇڭ ئائىلىسىنىڭ ھاجەتخانىسى يەر ئاستى يۇندى تۇرۇبىسى تورىغا تۇتاشتۇرۇلدى، توپلانغان گەندە سۈيى ئۈچ كاتەكچىدىكى چىرىتىش كۆلچىككە كىرگۈزۈلدى، ئۈچىنچى كاتەكچىدىكى گەندە سۈيى بىۋاسىتە يەر سۇغىرىپ ئوغۇتلاشقا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، قالغانلىرى مەركەزلىك يىغىۋېلىنىپ، بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىلدى.

«قىشتا توڭلىمايمىز، يازدا سېسىق پۇراق چىقمايدۇ»، بىر ئېغىز ھاجەتخانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شەھەردىكى ئوغۇل - قىز نەۋرىلەر بوۋىسىنىڭ ھويلىسىنى ياقتۇرۇپ قالدى. لاۋ خۇڭنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرغىنى باش شۇجىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكىنى بولدى.

2014 - يىلىنىڭ ئاخىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جياڭسۇدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، خۇڭ جيايۇڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، لاۋ خۇڭنىڭ ئۆيىدىكى پاكىز ھاجەتخانىنى كۆردى ھەم كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئائىلىدىكى ھاجەتخانىنى سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانىغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلىپ، باش شۇجى ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ھاجەتخانا مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا بەلگە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھاجەتخانا يۇندى تۇرۇبىسى تورى قۇرۇلۇشى ۋە يېزىلاردىكى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، جياڭسۇ ئۆلكىسى باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك مالىيەدىن جەمئىي 31 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ ھاجەتخانا ئۆزگەرتىشكە ئىشلەتتى. شىيېي بازىرى ھاجەتخانا ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش ئاساسىدا، يۇندى، ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنىڭ پۈتۈن ئارالنى قاپلىشىنى يەنىمۇ ئىشقا ئاشۇردى. پۈتۈن جياڭسۇ ئۆلكىسىدە، «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» يادرو قىلىنغان كەنت - مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتى، يېزا تۇرمۇش ئەخلەتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك تاشلاندۇقلىرىنى تۈزەش قاتارلىق مەخسۇس لايىھە سىجىل ئالغا سىلجىتىلدى.

## ■«ھاجەتخانا ئىنقىلابى» يېزا - كەنتلەرگە يېڭى ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلاردىكى «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» تېز سۈرئەتتە ئالغا سىلجىتىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆپ قىسىم ئۆلكىلەر يېزىلاردىكى «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»نىڭ مەخسۇس ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى، مىڭلىغان كەنت، تۈمەنلىگەن ئائىلە كېپىنەكسىمان ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى.

«جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل يېزا - كەنت» دەپ نام ئالغان جياڭشى ۋۇيۈەندە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيى قارا كاھىش، ئاق تاملىق خۇيجۇ ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى.

«ئىلگىرى بۇ يەردە لازا قۇرۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. يان تەرەپتىلا ھاجەتخانا بولۇپ، سېسىق پۇراق ئەتراپنى بىر ئالاتتى، ئۆتكەن - كەچكەنلەر بۇرنىنى ئېتىپ ماڭاتتى.» 73 ياشلىق دەي رېنتاڭ ئۆيىدىكى لازىنى كەنت مەيدانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يېيىپ، بىر تەرەپتىن ئاپتاپقا سالغاچ، بىر تەرەپتىن قوشنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

«بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەنتنى بويلاپ ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم، راستىنى ئېيتسام، بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلەردىكى باغچىلار بىزنىڭ تەبىئىي مەنزىرىمىزگە يەتمەيدۇ.» 56 ياشلىق كەنت ئاھالىسى جەن نيەنكەينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئوغلى ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان شەھەرگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىكەن.

«سۇنى ياخشىلاش، ھاجەتخانىنى ياخشىلاش، تازىلىق قىلىشتەك كىچىك ئىشلارنىڭ بۇنچە كۆپ ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.» كەنت ئاھالىسى دەي جىخۇا دېھقانلار ئارامگاھى ئاچتى، مۇھىت بارغانسېرى ياخشىلانغاچقا، ساياھەتچىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.

چاڭشى كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دەي شياڭياڭ مۇنداق دېدى: «ھاجەتخانىنىڭ ئۆزگىرىشى يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتى».

تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ھاجەتخانىسىنى ئۆزگەرتىش تاماملانغان، يېزىلاردا ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش نىسبىتى يېرىمدىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە ئۈلۈشتىن كۆپرەكى زىيانسىز پاكىز ھاجەتخانا ئىكەن.

«ھاجەتخانا ئىنقىلابى» ئېلىپ كەلگەن يېزا - كەنت مەدەنىيلىكىنىڭ يېڭى كەيپىياتى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىمەكتە.

دۆلەت يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش مەركىزىنىڭ 109 كۆزىتىپ ئۆلچەش نۇقتىسى(كەنتلەر)نى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 2019 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بۇ نۇقتىلار(كەنتلەر)دا سۇ چۈشىدىغان ھاجەتخانىلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 75.1%كە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.9% ئاشقان، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى مەركەزلىك يىغىش نۇقتىسى ۋە تۇرمۇش يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنىڭ دېھقان ئائىلىلىرىنى قاپلاش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3.2% ۋە 15.5% ئاشقان. ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكىدىكى ئومۇمىي ئادەم قېتىم سانى 1 مىليارد 510 مىليونغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.2% ئاشقان، ئومۇمىي كىرىم 11.7% ئاشقان.

«قارا، سېسىق دەريا ئېقىنلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭلەر بارغانسېرى سۈزۈكلىشىپ، چاڭجياڭ دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدىغان سۇلار بارغانسېرى پاكىزلاندى، كەنت ئاھالىلىرى مۇھىتنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىماقتا» دېدى شىيېي بازىرى شىيې كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې يۈگلىن.

## ■قۇرۇش، باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش: كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش

باش شۇجى شى جىنپىڭ «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، مىخ قېقىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قاراتمىلىقى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىرنى بىرگە ئۇلاپ تۇتۇپ، بىرنى تۇتسا بىردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلىدى.

«ئۈچ ئۈلۈش قۇرۇشتا، يەتتە ئۈلۈش باشقۇرۇشتا. بىرتۇتاش يۇندى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى، ئەخلەت يىغىش نۇقتىسى قۇرۇش ئەلۋەتتە ياخشى، لېكىن پۇقرالارنى يۇندى ھەققى، ئەخلەت ھەققى يۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەتسەك ياخشى بولمايدۇ. ئۆزىمىزنى پۇقرالارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلىغىنىمىزدىلا ئاندىن ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ.» شىيېي بازارلىق پەن - مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گۇ ليۇجۈن بىر نەچچە نۆۋەتلىك ھاجەتخانا ئۆزگەرتىشنى باشتىن كەچۈرگەچكە، بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئىدى.

زىرائەتلەر ئوغۇتقا تايىنىپ ئايىنىدۇ، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىشتە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈچ كاتەكچە شەكلى، پاتقاق گازى شەكلى، قوش ئىدىش شەكلى، گەندە سۈيىدىكى دەرىجىگە ئايرىش شەكلى قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ مۆتىدىل بەلباغدىن ئىسسىق بەلباغقىچە، تاغلىق رايوندىن سۇ ماكانىغىچە بولغان كۆپ خىل كەڭلىك گىرادۇس، كۆپ خىل يەر شەكلى ئېھتىياجىغا ماسلاشتى.

«خەلق تۇرمۇشىدىكى بۇ زور قۇرۇلۇشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇكەممەل يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە سىياسەت جەھەتتىن قوللاشتىن ئايرىلالمايدۇ.» يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىستىرلىقى، يېزا ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى لى ۋېيگو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2018 - يىلى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىستىرلىقى مەخسۇس يېزا ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. 2019 - يىلى، مەركەز مالىيەسى 7 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېزا «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»نى كەنت بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، مالىيەدىن مۇكاپاتلاش، تولۇقلىما بېرىشكە ئىشلەتتى، مەركەز خامچوتى ئىچىدە 3 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ يېزا ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللىدى.

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزىلاردىكى «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېزا ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ھاجەتخانىسىنى ئۆزگەرتىشتە ئىش باشلاندى، 50 مىڭدىن ئارتۇق يېزا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى، 90 مىڭدىن ئارتۇق يېزا تۇرمۇش يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى قۇرۇلدى.

چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى 44 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شىيېي بازىرى ئۆزگەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ بازار مىدى، ساۋمېي، جۇڭگو دۆلەت ئويۇن قويۇش شىركىتى، كورېيە SM قاتارلىق ئويۇن قويۇش گۇرۇھلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېمەك - ئىچمەك، پىۋا، مۇزىكا، بىنجياڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىر گەۋدە قىلىنغان مۇزىكا ئارىلى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مىليونلىغان ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، «ئارال»دىكى ھاجەتخانىلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، قەغەز سېتىش ماشىنىسى، يان تېلېفونغا توك قاچىلاش پونكىتى، توسالغۇسىز ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، مۇزىكا مەستانىلىرىنىڭ يەتكۈچە ھۇزۇرلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

لاۋ خۇڭ يېقىندا بەختلىك باش ئاغرىقىغا قالدى، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «چاڭجياڭ خەلقئارا مۇزىكا بايرىمى»نىڭ بېلىتى سېتىلىشقا باشلىغاندا، قىز نەۋرىسى يۇرتىغا قايتىپ ناخشا كېچىلىكىنى كۆرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، «ئىلگىرى مەن سوۋغات بېلەتكە ئېرىشەلەيتتىم، بۇ ئىككى يىلدا بىر بېلەت تېپىشمۇ تەس بولدى ئەمەسمۇ».

**(مۇخبىرلار لىيۇ كاڭ، جياڭ فاڭ، چيۇ بىڭچىڭ، ياۋ زىيۈن، يۇ ۋېنجىڭ، يۇ جۈنجيې شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لىرى ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ياندىشىپ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «نىزام»نىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «نىزام»نى تەشۋىق قىلىش - يېيىپ چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆگىنىش - تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى «نىزام»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، «نىزام»نىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، «نىزام»نىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىگىلىشى كېرەك. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، «نىزام»دىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىش، جاۋابكارلىقنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت ئاپپارات ئىشتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، «نىزام»نىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «نىزام»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم ئەھۋال ۋە تەكلىپلەرنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.

بۇ «نىزام» جەمئىي سەككىز باب، 33 ماددا بولۇپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت ئاپپارات ئىشتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى چۈشەندۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ نىزام 2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلدى، ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، قول تۇتۇشۇپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۈلگىسىگە ئايلاندى. ھازىر، جۇڭگو ۋە بىرازىلىيە دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ. مەن جۇڭگو - بىرازىلىيە مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ بولسونارو بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو - بىرازىلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ، جۇڭگو - بىرازىلىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشنى خالايمەن.

بولسونارو تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرازىلىيە - جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت باشتىن - ئاخىر ئورتاق تەرەققىي قىلىش نىشانىغا ئەمەل قىلدى، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقى كۆپ مەنبەلىك يېتىلدى، ھەمكارلىق مېخانىزمى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، بىز بۇنىڭدىن چوڭقۇر پەخىرلىنىمىز. ئىككى دۆلەتنىڭ سودا ۋە ئۆزئارا مەبلەغ سېلىنمىسىنىڭ سىجىل ئېشىشى، ئالەم قاتنىشى قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ ياخشى بولۇشى بىرازىلىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان ماھىيىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى. بۇ يىل ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى كۆپەيدى، ھۆكۈمەتلەر ئارا راۋان سۆھبىتى ساقلاپ كەلدى. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە، بىرازىلىيە - جۇڭگو ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى يولىنى ئورتاق پىلانلاپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2020 - يىلغا بارغاندا يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلماسلىق، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلماسلىقنى مۇقىم ئىشقا ئاشۇرۇش، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ ئۆي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش نامرات ئاھالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تەلىپى ۋە يادرولۇق كۆرسەتكۈچى بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى سۈپىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق» ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تە يەنە كۆپلىگەن ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت. تېگى - تەكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دىققەتنى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋاقىت جەدۋىلى، لىنىيە خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان تەدبىر ۋە چارىلەرنى يولغا قويۇپ، ۋەزىپىنى ئۆز قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىغا كىردى، جەڭ قىلىش ئۇسۇلىدا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئوتتۇرا مەزگىللىك ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىن سەل پەرقلىنىدۇ، ئەڭ مۇھىم بولغىنى بوشاڭلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، غۇلاپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بىرىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قىيىن ئۆتكەلنىڭ ئەڭ قىيىنىنى يېڭىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاش كېرەك.

### پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ھەم 9 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 8 - قېتىملىق كۆزىتىشكە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

## مەۋقەنى سىياسىي نازارەتچىلىكتە تەۋرەنمەسلىككە قويۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدىن ئېغىپ كەتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاۋ جيېيۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ شۈجۈن خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ھەم 9 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 8 - قېتىملىق كۆزىتىشكە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ياڭ شىن يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جې جىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپا» يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، 8 - قېتىملىق كۆزىتىش گۇرۇپپىسى باشلىقلىرى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا ھوقۇق بېرىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەم ۋەزىپە تەقسىملەش توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كۆزىتىش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە كەڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش كادىرلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىگە ۋە پەرقىگە ئومۇميۈزلۈك قاراپ مۇئامىلە قىلىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى قىلىشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى سىياسىي نازارەتچىلىكتە تەۋرەنمەسلىككە قويۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدىن ئېغىپ كەتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا تۈرىنى كەم قىلماي، ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى بوشاشتۇرماي، كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا 9 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 8 - قېتىملىق كۆزىتىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسى قاتارلىق ئون تارماق، ئورۇنغا قارىتا دائىملىق كۆزىتىشنى قانات يايدۇرىدۇ، خوتەن ناھىيەسى قاتارلىق 22 ئېغىر نامرات ناھىيەگە قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرىدۇ.

يىغىندا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - تىرانسپورت نازارىتى پارتكومى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 4 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەكشۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت بەش ئورۇننىڭ مەسئۇل يولداشلىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.